# 14014 ـ رامزان كۈنلىرى كۈندۈزدە ئىھتىلام بولۇش ۋە «ئىھتىلام بولۇش شەيتاندىن» دېگەن ھەدىسنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

### سوئال

رامزان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بامدات نامىزىدىن كېيىن ئۇخلاپ قىلىپ ئىھتىلام بولۇپ قاپتىمەن، شۇ كۈندىكى روزىنى تولۇق تۇتسام توغرا بولامدۇ؟، چۈنكى مەن ئۇيقۇدا بولغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى كونترول قىلالمىدىم ھەم شۇ كۈندىكى روزىنى تولۇق تۇتتۇم؟. ئەگەر بۇنداق ئىھتىلام بولۇش شەيتاندىن دەپ قارالسا، رامزاندا شەيتانلارغا ئىشكەل ـ تاقاق سېلىنىدىغان تۇرسا مەن قانداق قىلىپ ئىھتىلام بولۇپ قالىمەن؟.

### تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

رامزان كۈنلىرى كۈندۈزدە ئىھتىلام بولۇش روزىنى سۇندۇرمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرتىدىكى ئىش بولۇپ ئىنسان بۇ ئىشنى توسىيالمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ، ئەگەر كىمكى روزىدارلىق ھالەتتە ئىھتىلام بولۇپ قالسا روزىسى بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى بۇ ئىنساننىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس، خۇددى ئۇخلاپ قالغان ئادەمنىڭ گېلىغا بىرنەرسە كىرىپ كەتسە ھېچ نىمە بولمىغاندەك بىر ئىش. مۇغنى ئىبنى قۇدامە 3– توم 22– بەت.

دائىمى ھەيئەت ئەزالىرىدىن: رامزان كۈنلىرى كۈندۈزدە ئىھتىلام بولۇپ قالغان كىشىنىڭ روزىسى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:

كىمكى رامزاندا روزا تۇتۇپ كۈندۈزدە ئىھتىلام بولۇپ قالسا ياكى ھەج ـ ئۆمرە ئۈچۈن ئىھرامغا كىرىپ ئىھراملىق ھالىتىدە ئۇخلاپ ئىھتىلام بولۇپ قالسا، ئىھتىلام بولۇشنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ئىبادەتلىرىگە ھېچ زىيىنى يوق ۋە ئۇ كىشىگە گۇناھ ياكى كاپارەتمۇ كەلمەيدۇ، ئەگەر سېپىرما چىققان بولسا دەرھال غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇشى كېرەك. سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتىنىڭ پەتىۋا مەجمۇئەسى 10– توم 274– بەت.

ئىھتىلام بولۇش دېگەن: ئۇخلاپ چۈشىدە شەيتان ئاتلاپ قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەر ـ ئاياللارنىڭ تەبىئىتىدىكى ئىشلاردىن بولۇپ، چۈشىدە ئەر ـ ئايال بىرگە بولۇش ياكى بىرگە بولمىسىمۇ سېپىرمىنىڭ چىقىشى بىلەن بولىدۇ. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇئەنھادىن مۇنداق ھەدىس بايان قىلىنىدۇ: ئەبى تەلھەنىڭ ئايالى ئۇممۇ سۇلەيم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: يارەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تائالا ھەقىقەتنى بايان قىلىپ بېرىشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، ئاياللارمۇ ئىھتىلام بولۇپ قالسا غۇسلى قىلامدۇ؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ھەئە، ئەگەر ھۆللۈكنى كۆرسە غۇسلى قىلىدۇ دېدى. بۇخارى غۇسلى

توغرىسىدا 373–بەت. مۇسلىم ھەيز توغرىسىدا 471–بەت.

بۇخارى ئەبى سەلەمەدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئەبى قەتادە ئەنسارى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىتىم: چۈش كۆرۈش ئاللاھتىن، ئىھتىلام بولۇش شەيتاندىن، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ياقتۇرمايدىغان چۈشنى كۆرۈپ قالسا، ئاللاھتىن پاناھلىق تىلەپ چەپ تەرىپىگە تۈپلىۋەتسە كۆرگەن چۈشىنىڭ ئۇ كىشىگە ھېچ زىيىنى بولمايدۇ دەيدۇ. (چۈش تەبىرى 6488)، مۇسلىم(چۈشىنىڭ بابى 4196). بۇنىڭدىن بۇ چۈشنى كۆرۈشكە شەيتان تۈرتكە بولدى ياكى سەۋەب بولدى دېگەنلىك مەقسەت قىلىنمايدۇ.

رامزاندا جىن ـ شەيتانلارغا ئىشكەل ـ تاقاق سېلىنغانلىق بىلەن ئۇلار كىشىلەرنى يامانلىققا بۇيرۇپ ۋەسۋەسە قىلىشتىن چەكلىنىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، لېكىن شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرى رامزاندا باشقا ئايلارغا نىسبەتەن ئاز بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئايدا ھەممە ئىنسان روزا تۇتۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ياخشىلىققا يۈزلىنىدۇ، ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ ۋە ھىدايەت يولىنى تاللايدۇ، بۇنى ھەممىمىز كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز.

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ پەيدا قىلىشى ۋە تەقدىرى بىلەن بولسىمۇ، يالغانچىلىق ۋە كىشىلەرنى قورقۇتۇش شەيتاننىڭ سۈپەتلىرىدىن بولغاچقا قالايمىقان چۈشلەرنى شەيتانغا نىسبەت بېرىش مۇناسىپ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە ياخشى چۈشلەرنى ئاللاھغا نىسبەت بېرىش شان ـ شەرەپ جۈملىسىدىن بولىدۇ. پەتھۇل بارى12 ـتوم 393–بەت.